# ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز چېچىنى بويىشى ۋە كېسىشىنىڭ ھۆكمى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: مىنەۋۋەر بىنتى نىئمەتۇللاھ

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1433

IslamHouse.com

# ﴿حكم قص المرأة شعرها وصبغه بدون إذن الزوج﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: منورة بنت نعمة الله

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1433

IslamHouse.com

# ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز چىچىنى بويىشى ۋە كېسىشىنىڭ ھۆكمى

174932-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئەرنىڭ ئايالىنىڭ چېچىنى كېسىش ۋە بوياشتىن چەكلىشى توغرىمۇ؟، ئايال شەرىئەتتە يولغا قويغان ئىشلارنى ئېرى رازى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قىلسىچۇ؟ گۇناھ - مەئسىيەت بولمايدىغان ئىشلاردا ئايالىنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ چەك-چېگراسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟.

جاۋاب:

بارلىق ھەمدۇ-سانا ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

ئايالىنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ، چۈنكى ئەر ئۇ ئايالىنىڭ ھامىيسى ئاستىدا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ ﴾
تەرجىمىسى: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر» [سۈرە نىسا 34-ئايەتنىڭ بىر قىسمى ].

ئىبنى كەسىر(ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)، ئەلي ئىبنى ئەبى تەلھەنىڭ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «ئەرلەر ئاياللارنىڭ

هامىيلىرىدۇر» دېگەن ئايەتنى تۆۋەندىكىدەك تەپسىرلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئەمىرلىرى. يەنى ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشى، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلاردا ۋە ئۆز ئەھلىگە ياخشىلىق قىلىشتا، ئېرىنىڭ مال-دۇنياسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا بولىدۇ دېگەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇقاتىل ۋە سەددي، دەھھاكلارمۇ شۇنداق دېگەن. [ تەپسىر ئىبنى كەسىر 2\293 ].

ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولغان ئىشلار ئىچىدىن، تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئىش مۇستەسنادۇر:

بىرىنچى: گۇناھ- مەئسىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردا ئەرگە ئىتائەت قىلمايدۇ. يەنى ۋاجىپ بولغان ئىشلارنى تەرك قىلىش ياكى هارام ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلغاندا، ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى جايىز بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بەدىلىگە، بەندىگە ئىتائەت قىلىش يوق.» [بۇخارى رىۋايىتى٦٨٣٠- ۋە مۇسلىم رىۋايىتى1840 ـھەدىسلەر ].

ئىككىنچى: ئەرگە ئىتائەت قىلىش نەتىجىسىدە، ئايال ئۇچۇن زىيانلىق ياكى ئۇ ئايالنىڭ هوقۇقى دەخلىگە ئۇچراشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار بولسا، بۇ هالەتتە ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد

ئەلەيهىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن : «شۈبھىسىزكى، ئىتائەت قىلىش ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈش يوق.» [ئىبنى ماجە ۋە دار قۇتنى رىۋايىتى].

ئايالنىڭ چېچىنى كېسىشى ۋە بويىشى شەرتلىك ئەھۋالدا جايىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە، كاپىر ۋە پاسىق ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشتىن ساقلىنىشى ھەمدە قارا بوياقتا بويىماسلىقى كېرەك.

ئەگەر ئېرى ئايالنىڭ چېچىنى كېسىش ۋە بويىشىغا رۇخسەت قىلمىسا، ئۇ ئىشلارنى قىلىشى جايىز بولمايدۇ. شۇنداقلا ئەر ئايالىنى گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇمىسىلا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم بولىدۇ.

چاچ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇنداقلا ئايالنىڭ ئۆز ئېرى ئۈچۈن گۈزەللىنىشى ئەرنىڭ ھەققىدىندۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.